ئىستىقلال ئاۋازى

# ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 6 ـ سان
يانۋار 2021

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر



# نېمە ئۈچۈن دەۋاغا ۋاقتىمىز يەتمەيدۇ؟

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV

# 2020 - يىلى دۇنيادا يۈز بەرگەن

## شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقەلەر




2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈندىن 9 - كۈنگىچە ئانتالىيانىڭ ئالانيا ناھىيەسىدە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ 6 - قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى.



1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى (چارشەنبە) ئامېرىكا پارلامېنتى «خىتاينىڭ 2019 - يىللىق كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسى»نى ئېلان قىلدى.



1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى (جۈمە) «شەرقىي تۈركىستان سودا-سانائەتچىلەر جەمئىيىتى» Doğu Türkistan Girişimci Esnaf ve) (Sanayici İşadamları Derneği قۇرۇلدى.



2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى گۇگۇل تەرجىمانىغا ئۇيغۇر تىلى قوشۇلدى.



2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى (چارشەنبە) سۈرىيەنىڭ ئىدلىب شەھىرىدە تۈركىيەنىڭ 34 ئەسكىرى شېھىت بولۇپ، 32 ئەسكىرى يارىلاندى.

2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى (پەيشەنبە) تۈركىيە ئۆزىنىڭ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز قاتارلىق بارلىق ياۋروپا چېگرالىرىنى ئېچىۋەتتى. مىڭلىغان كۆچمەنلەر چېگرالارغا قاراپ يول ئالدى. بۇ قالايمىقانچىلىقتا گىرېتسىيە چېگراسىغىچە بارغان بىر نەچچە ئۇيغۇرنىڭ بارلىقىمۇ مەلۇم بولدى.



3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى (جۈمە) مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ (ئالاھىدە) ئايلىق يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا چەتئەللىك سىياسەتچىلەرمۇ (مەخپىي) كېلىپ قاتناشتى. (بۇ يىغىندا بىر سىياسەتچى سۆز قىلىپ: «مەن 30 يىلدىن ئارتۇق تىبەت دەۋاسىنى قىلدىم. تىبەت ئاخىرىدا مۇستەقىللىق دەۋاسىدىن ۋاز كېچىپ مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھېچنىمىگە ئېشەنمەيدىغان خىتايلار شۇنچە چوڭ دىنغا ئىشىنىدىغان تىبەتلەرنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن بەكلا كۆرەڭلەپ، ئۇيغۇرلارنىمۇ باش ئەگدۈرەلەيمىز، دېگەن قاراشقا كەلدى. سىلەر بىر ئاللاھقا ئىشىنىدىغان مىللەت، سىلەرمۇ مۇستەقىللىق دەۋاسىدىن ۋاز كېچەمسىلەر، دېدى. بىز تەڭلا دېگۈدەك: «ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەيمىز» دېدۇق. ئاندىن ئۇ سىياسەتچى: «سىلەر مەخسۇس بىر يىغىن ئېچىپ مۇستەقىللىق دەۋاسىدىن ئەسلا ۋاز كەچمەيدىغانلىقىڭلارنى جاكارلاڭلار!» دېدى. ئۇ ئادەم يەنە: «سىلەرنىڭ داۋاملاشتۇرۇۋاتقان دەۋايىڭلارنى، قىلىۋاتقان پائالىيەتلىرىڭلارنى كۆپلىگەن دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتلەر بىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى هازىرغىچە بېشىنى سىلىپ، ئاڭلىماسقا، بىلمەسكە سېلىپ سۈكۈتتە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ھەممىنى بىلىدۇ، ئەمما ۋاقتى كەلگەندىلا سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ» دېدى. ئۇ چەتئەللىك سىياسەتچى يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «مەن پەقەت بۇ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلدىم. مەن باشقا كىشىلەرگە ئوخشىمايمەن. مۇستەقىل بولىمىز دەيدىكەنسىلەر، بەدەل تۆلەشتىن قورقماسلىقىڭلار كېرەك. سىلەر بىر ئاللاھقا ئىشىنىسىلەر، بۇ ئېتىقادىڭلاردىن ھەرگىز ۋاز كەچمەڭلار!» دېدى. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇقادىر ياپچان: «بىز مۇستەقىللىق دەۋايىمىزدىن ئەسلا ۋاز كەچمەيمىز. سىلەر تىبەتنى ئەمەس، بىزنى قوللىغان بولساڭلار، بۇ چاغقىچە مۇستەقىل بولغان بولاتتۇق» دېدى. بۇ سوئال-جاۋابتىن كېيىن ئابدۇقادىر ياپچان سۆز قىلىپ: «قاراڭلار! ماۋۇ چەتئەللىك: سىلەر دىنىڭلاردىن ھەرگىز ۋاز كەچمەڭلار، دەۋاتىدۇ. ئەمما ئىچىمىزدىكى بەزى كىشىلەر: بىز مۇسۇلمان دېسەك، غەرب دۇنياسى ياردەم قىلمايدۇ، دەيدۇ. قاراڭلار! تىبەتلەر دالاي لاما ئاخىرى مەغلۇپ بولدى، دەيدۇ، ئەمما بىزنىڭ بەزى ئادەملىرىمىز: بىز دالاي لاماچىلىك بولالمىدۇق، دەپ ئاۋارە» دېدى. چەتئەللىك سىياسەتچى كېيىن ئابدۇقادىر ياپچاننىڭ سۆزلىرىگە قارىتا: «مېنىڭ ھاياتىم سىياسەتنىڭ ئىچىدە ئۆتتى، مەن يۇقىرىدا نېمە دېگەن بولسام، گەپلىرىمنىڭ مەنىسىنى بىلىپ دېدىم» دېدى).



5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى (پەيشەنبە) «ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىدا تولۇق ئاۋاز بىلەن ماقۇللۇقتىن ئۆتتى.




5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى (شەنبە) نۇرى تۈركەل ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ «ئامېرىكا خەلقئارا دىنى ئەركىنلىك كومىتېتى»نىڭ كومىسسارى بولدى.



5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى (يەكشەنبە) روزا ھېيتىنىڭ 1 - كۈنى بولۇپ، خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبىدىن مەسچىتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ھېيت نامىزى ئوقۇلمىدى.

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى (چارشەنبە) ئامېرىكا پارلامېنتىدا ئارخىپ نومۇرى S.3744 بولغان «2020 - يىللىق ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» 1 گە قارشى 413 ئاۋاز بىلەن رەسمىي ماقۇللاندى. 17 كىشى ئاۋاز بېرىشتىن ۋاز كەچتى.

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى (جۈمە) تۈركىيەدە خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبلىك يولغا قويۇلغان چەكلىمىدىن 74 كۈن ئۆتۈپ، تۇنجى جۈمە نامىزى ئوقۇلدى. (تۈركىيە دىنى ئىشلار مىنىستىرلىكى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى (جۈمە) دىن باشلاپ پۈتۈن تۈركىيەدىكى مەسچىتلەردە جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشنى چەكلىگەن ئىدى)

6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (دۈشەنبە) ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترامپ «ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى رەسمىي ئىمزالىدى.



7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى (چارشەنبە) بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا 46 دۆلەت خىتاينى قوللاپ ئاۋاز بەردى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى (پەيشەنبە) ئامېرىكا ھۆكۈمىتى چېن چۈەنگو قاتارلىق تۆت خىتاي ئەمەلدارغا جازا ئېلان قىلدى. بۇلار: ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم»نىڭ سېكرېتارى چېن چۈەنگو، سىياسى-قانۇن كومىتېتىنىڭ سابىق سېكرېتارى جۇ خەيلۇن، «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى»نىڭ نازىرى ۋاڭ مىڭشەن، «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى»نىڭ پارتكوم سېكرېتارى خو لىيۇجۇن.

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى (دۈشەنبە) «كېلەچەك پارتىيەسى»نىڭ باشلىقى ئەھمەد داۋۇتئوغلى تۈركىيە 50 مىڭ ئۇيغۇرنى تاجىكىستان ئارقىلىق خىتايغا بەرمەكچى، دېدى.



8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى (جۈمە) ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان قاتارلىق بەش-ئالتە كىشىلىك بىر ھەيئەت ئەنقەرەگە بېرىپ، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇغا تۈركىيە پۇقرالىقىغا ئىلتىماس قىلغان تەخمىنەن 20 مىڭ ئۇيغۇرنىڭ تىزىملىكىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ كەلدى.



9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «ئۇيغۇرلاردىكى مەجبۇري ئەمگەكنى چەكلەش قانۇنى» 1 - ئۆتكەلدىن ئۆتتى. ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا ئاۋازغا قويۇلغان «ئۇيغۇرلاردىكى مەجبۇري ئەمگەكنى چەكلەش قانۇن لايىھەسى» 3 كە قارشى 406 ئاۋاز بىلەن ماقۇللۇقتىن ئۆتتى.




9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى نۇرى تۈركەل «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلى تەرىپىدىن «دۇنيادىكى تەسىرى كۈچلۈك 100 شەخس»نىڭ بىرى بولۇپ تاللاندى.



9 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ ساھىبخانلىق قىلىشى بىلەن ئەنقەرە قىزىلچاھامامدىكى ئېلىز مېھمانخانىسى (Eliz Hotel)دا «12 - قېتىملىق دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە 3 - نۆۋەتلىك شۇرا يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى.




9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى (چارشەنبە) ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇري ئەمگىكىنى ئاياغلاشتۇرۇش يولىدا يەنە بىر قانۇن لايىھەسى ماقۇللىدى. بۇ قانۇن لايىھەسى ئاۋام پالاتادا 163 كە قارشى 253 ئاۋاز بىلەن ماقۇللۇقتىن ئۆتتى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كانادا پارلامېنتىنىڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تۆۋەن كومىتېتى بىردەك قارار ماقۇللاپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مۇئامىلىسىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېلان قىلدى ۋە خىتاينىڭ جىنايىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلغان تۇنجى غەرب ھۆكۈمەت ئورگىنى بولۇپ قالدى.



11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇق تەشكىلات تىزىملىكىدىن چىقىرىۋېتىلدى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتىدىن بىر ھەيئەت ھىندونېزىيەنىڭ ئەنقەرەدىكى باش ئەلچىخانىسىغا بېرىپ، باش ئەلچى لالۇ مۇھەممەد ئىقبالنى زىيارەت قىلدى. زىيارەت جەريانىدا باش ئەلچى بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىپ، ھىندونېزىيەدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۈچ ئۇيغۇر ياشنىڭ ئىككى ئاي بۇرۇن خىتايغا قايتۇرۇلغانلىقىنى دەلىللىدى.



12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (پەيشەنبە) ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بېلگىيە پايتەختى برىيۇسسېلدىكى مەركىزىدە ئېچىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى» ناملىق مۇھاكىمە يىغىنىدا، ياۋروپا پارلامېنتى 20 ئاۋازغا قارشى 604 ئاۋازنىڭ قوللىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە قارشى قارار قوبۇل قىلدى. 57 ئاۋاز ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى.



12 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن باشلاپ تېلېۋىزور ۋە گېزىت خەۋەرلىرىدە ئارقا-ئارقىدىن، 2017 - يىلى خىتايدا ئۆتكۈزۈلگەن «بىر بەلباغ، بىر يول خەلقئارا ھەمكارلىق يىغىنى»دا تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي ئارىسىدا ئىمزالانغان «تۈركىيە-خىتاي ئارىسىدا جىنايەتچىلەرنى ئالماشتۇرۇش كېلىشىمنامىسى»نىڭ خەۋەرلىرى بېرىلىپ، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئېغىر ئىزتىراپ ۋە ئەندىشە ئىچىدە قالدى.



12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۇت چاۋۇشئوغلى مۇخبىرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇرلارنى ھەرگىز خىتايغا قايتۇرمايدىغانلىقى ھەققىدە ئاغزاكى ۋەدە بەردى.

تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت تۇرسۇن ئۇيغۇر



# ئامېرىكا ۋە خىتاي ئارىسىدىكى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى تالاش-تارتىشىغا ئالاقىدار ئالتە مەسىلە



BBC خىتايچە تورى، 2021 - يىلى 22 - يانۋار

غەرب دۆلەتلىرىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلغانلىقى» توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلىرى ئامېرىكىنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پومپېيو ۋەزىپىدىن ئايرىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن يەنە بىر قېتىم يارقىن نۇقتىغا ئايلىنىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ دىققىتىنى قوزغىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ ئەيىبلىشىگە يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت دېگەن زادى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ خەلقئارا قانۇندىكى بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ ئېنىقلىمىسى نېمە؟ BBC خىتايچە تورى خىتاي بىلەن ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان-ت، تۆۋەندىمۇ شۇنداق ئېلىنىدۇ)دىكى مىللەتلەر مەسىلىسى ھەققىدىكى يېڭى بىر نۆۋەتلىك تالاش-تارتىش توغرىسىدا ئالتە نۇقتىنى خۇلاسىلىدى.

## ئامېرىكىنىڭ ئەيىبلەشلىرى قايسىلار؟

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى توشۇشتىن بىر كۈن بۇرۇن بايانات ئېلان قىلدى. ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىدىغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پومپېيو باياناتىدا، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كونكرېت ئەيىبلەشلەر بولسا:

> ئاز دېگەندە 2017 - يىلى 3 - ئايدىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك دائىرىلەر ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ۋە قازاق، قىرغىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا ئاز سانلىق مىللەت ۋە دىنىي ئاز سانلىقلارغا قارىتىلغان ئون نەچچە يىللىق باستۇرۇشنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىۋەتكەن؛

• بىر قاتار سىياسەت، ھەرىكەت ۋە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللىنىپ، بىر مىليون ئۇيغۇرغا قارىتا سىستېمىلىق كەمسىتىش ۋە نازارەت قىلىش ئىجرا قىلغان، ئۇلارنىڭ ساياھەت قىلىش، كۆچمەن بولۇش ۋە ئۆرلەپ ئوقۇش ئەركىنلىكىگە چەكلىمە قويغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ تەشكىللىنىش، سۆز قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىش قاتارلىق ئاساسلىق كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى ئاياغ-ئاستى قىلغان؛

> • ئۇيغۇر ئاياللىرىغا مەجبۇرىي تۇغماس قىلدۇرۇش ۋە بالا چۈشۈرگۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنى ئۇيغۇر بولمىغانلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىغان ۋە ئۇيغۇر بالىلىرىنى ئائىلىسىدىن ئايرىغان؛

ئامېرىكىنىڭ بۇ قېتىم خىتاينى ئەيىبلەش سۆزلىرى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت»كە ئايلاندى. ئىلگىرىكى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدىكى تەنقىدلەرگە سېلىشتۇرغاندا، سالمىقى زور پەرقلىنىدۇ.

2020 - يىلى 7 - ئايدا پومپېيو شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمەلدارلارغا جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى جاكارلاپ، بۇ ئەمەلدارلارنى «كىشىلىك ھوقۇقتا دەخلى-تەرۇز قىلدى» دەپ ئەيىبلىدى. بۇ مەجبۇرىي ئەمگەك، خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش ۋە نوپۇسنى كونترول قىلىش ھەمدە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقادىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ يەنە «ئامېرىكا بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ» دېدى.

## خىتاي قانداق ئىنكاس قايتۇردى؟

ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەر ھەر قېتىم خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندا «كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلدى» دەپ ئەيىبلىگەندە، خىتاي دائىم قارشىلىق بىلدۈرىدۇ. بۇ قېتىم خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭ 20 - يانۋار چەت ئەل تاراتقۇلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە، كەم ئۇچرايدىغان ئۇزۇن سەھىپىلىك ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئەيىبلىشىگە رەددىيە بەردى. ئاساسلىق مەزمۇنى:

شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 1950 - يىللاردىكى 30 ياشتىن 72 ياشقا چىققان.

ئۇيغۇر نوپۇسى 2010 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە 25.04% ئاشقان بولۇپ، بۇ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى بولغان 13.99% تىن يۇقىرى، خىتاي نوپۇسىنىڭ 2% لىك ئېشىشىدىن كۆپ يۇقىرى بولغان.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى ياخشى قوغدالغان ۋە ۋارىسلىق قىلىنغان، ھەر مىللەت كىشىلىرى ياشاش ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ.

خۇا چۈنيىڭ يەنە پومپېيونى «مىش-مىش پاراڭ تارقىتىش ۋە يالغان سۆزلەش» بىلەن ئەيىبلىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شىنجاڭ توغرىسىدىكى مىش-مىش پاراڭلار خىتايغا قارشى بەزى كۈچلەر تەرىپىدىن ئەستايىدىللىق بىلەن پىلانلانغان بولۇپ، «پۈتۈنلەي ئاساسسىز ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشقا تولغان». بۇنىڭدىكى مەقسەت «ئامېرىكىدىكى خىتايغا قارشى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭدىكى تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە رادىكاللىقنى يوقىتىشقا تۆھمەت قىلىش ۋە قارا چاپلاش ئۇرۇنۇشىغا ماسلىشىش».

## ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېگەن نېمە؟

> بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 1948 - يىلى 12 - ئايدا ماقۇللىغان ۋە 1951 - يىلى يولغا قويۇلغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئەھدىنامىسى»گە ئاساسەن، ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەلقئارا قانۇندا بىر جىنايەت، شۇنداقلا تارىختىكى ئىنسانىيەتكە سالغان زىيىنى ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغان جىنايەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەھدىنامىنىڭ 2 - ماددىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، مەلۇم بىر مىللەتنى، ئىرقنى، ئېتنىك ياكى دىنىي گۇرۇپپىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىش مەقسىتىدە سادىر قىلىنغان تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ ھەر قانداق بىرى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» جىنايىتى شەكىللەندۈرىدۇ:

• گۇرۇپپا ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈش؛

• گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن

ئېغىر زىيانغا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش؛

- مەقسەتلىك ھالدا بۇ گۇرۇپپىنى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى يوقىتىدىغان مەلۇم تۇرمۇش مۇھىتىغا قىستاش؛
- گۇرۇپپا ئىچىدىكى تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان مەجبۇرىي تەدبىرلەر؛
- گۇرۇپپىدىكى بالىلارنى باشقا گۇرۇپپىغا مەجبۇرىي يۆتكەش؛

## ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت دېگەن نېمە؟

2002 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان «خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ رىم نىزامنامىسى»گە ئاساسلانغاندا، «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» پۇقرالارغا ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا تۆۋەندىكى قىلمىشلارنى سادىر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ: قاتىللىق، يوقىتىش، قۇل قىلىش، چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش ياكى مەجبۇرىي كۆچۈرۈش، تۈرمىگە تاشلاش ياكى باشقا شەكىلدە شەخسىي ئەركىنلىكىدىن ئېغىر دەرىجىدە مەھرۇم قىلىش، قىيناش ۋە جىنسىي زورلاشلىق قىلىش.

> ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر يەنە سىياسەت، ئىرق، مىللەت، ئېتنىك، مەدەنىيەت، دىن ۋە باشقا سەۋەبلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا مەلۇم بىر گۇرۇپپىغا زىيانكەشلىك قىلىشنى ياكى ئىز-دېرەكسىز يوقىتىۋېتىش، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ۋە باشقا ئىنسانىيلىققا زىت قىلمىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى

رافائىل لېمكىن 1900 - يىلى پولشادا تۇغۇلغان. بۇ يەھۇدىي قانۇنشۇناس دەسلەپكى يىللىرىدا قەدىمكى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەرمەنلەرگە قىلغان ھۇجۇمىنىڭ تارىخىنى ئۆگەندى، مىللىي، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي توپلارنى قانۇنىي قوغداشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى ۋە ھاياتىنى چوڭ قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىدى. گېرمانىيە ئارمىيەسى پولشاغا بېسىپ كىرگەندە، ئۇ ياۋروپادىن قېچىپ، ئاخىرى ئامېرىكىغا بىخەتەر يېتىپ كەلدى ۋە ئۇ يەردە دۇق ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى.

لېمكىننىڭ ئىككى توملۇق ئەسىرى «ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ ياۋروپا ئىشغالىيىتىدىن كېيىنكى ھۆكۈمرانلىقى» 1944 - يىلى 8 - ئايدا نەشر قىلىنغان. ئۇ كىتابتا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەن سۆزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۇنياغا «مىللەتلەرگە زىيان سالىدىغان يېڭى بىر ئۇقۇم ۋە ئاتالغۇ»نى تونۇشتۇردى.

ئىرقىي قىرغىنچىلىق (genocide) دېگەن سۆز قەدىمكى يۇنانچە «ئىرق ، قەبىلە» (genos) ۋە لاتىنچە «قىرغىن قىلماق» (cide) سۆزىدىن تۈزۈلگەن.

1945 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى گېرمانىيەنىڭ 22 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ناتسىست ئەربابى نيۇرنبېرگ مەركىزىي سوت مەھكىمىسىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەھشىيلىك بىلەن ئەيىبلەنگەن.

ئەنگلىيە، فرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا ئىمزالىغان «لوندون نىزامنامىسى»گە ئاساسەن، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر 22 ناتسىست ئۇرۇش جىنايەتچىسىنى تىنچلىققا سۇيىقەست قىلىش جىنايىتى، تاجاۋۇزچىلىقنى پىلانلاش ۋە ئىجرا قىلىش جىنايىتى، ئۇرۇش جىنايىتى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى قاتارلىق تۆت تۈرلۈك جىنايەت بىلەن ئەيىبلىدى. «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» تۇنجى قېتىم ئەيىبنامىدە پەيدا بولدى. ئەمما ئۇ ئەينى ۋاقىتتا تېخى قانۇنلۇق ئاتالغۇ ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت»نىڭ بارلىققا كېلىشىدۇر.

«ئىرقىي قىرغىنچىلىق» 1948 - يىلى «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئەھدىنامىسى» ماقۇللانغاندا ئاندىن پەيدا بولغان.

## بايدېن دەۋرىدىكى ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتى



بايدېن قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى مۇنداق دېدى: ھازىرقى خىتاي-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ئېھتىياجلىق بولغىنى بايدېن قەسەم سۆزىدە كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن «ئىتتىپاقلىق».




لېكىن، ئەگەر يېڭى ھۆكۈمەت ترامپ ھۆكۈمىتى قالدۇرۇپ كەتكەن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر سىياسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسەتلەرگە ماھىيەتلىك تۈزىتىش كىرگۈزمىسە، ئۇ ئىككى دۆلەتنىڭ كەلگۈسى مۇناسىۋىتىگە داۋاملىق تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

خەلقئارا جەمئىيەت بايدېننىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىگە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قىلىپ كۆرسىتىلگەن ئانتونىي بلىنكېننىڭ ئالدىقاچان پومپېيونىڭ تەكلىپىنى قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنلىكىگە دىققەت قىلدى.

«ئىقتىسادشۇناس ژۇرنىلى»نىڭ ئەڭ يېڭى ساندا ئېلان قىلىنغان «ئامېرىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى: شىنجاڭ كۆلەڭگىسى» ناملىق ماقالىدە پومپېيونىڭ باياناتى ۋە بلىنكېننىڭ تەستىقى «ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭنى چۆرىدىگەن سۆزلىرىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى» دەپ قارالدى.

بايدېن ھۆكۈمىتى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە قايتىشنى پىلانلاۋاتقاندا، ماقالىدە ئەگەر بايدېن ئۇنى قوللىسا، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ «خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى ۋەھشىيلىكى» توغرىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن قارارنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىنلىكى مۆلچەرلەندى.

سىنگاپورنىڭ «دېڭىز بوغۇزى ۋاقىت گېزىتى» بايدېن كۆرسەتكەن مۇھىم شەخسلەرنىڭ تىزىملىكىگە ئاساسلىنىپ، بايدېن ھۆكۈمىتى ترامپنىڭ خىتايغا قاراتقان كەسكىن يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، دەپ قارىغان.

دىلشات سۇلتان تەرجىمىسى





# تىۋىتتېر خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ھېساباتىنى تاقاپ قويغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بەردى

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۈگۈنكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، تىۋىتتېر شىركىتى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ھېساباتىنى تاقاپ قويغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ: «ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مەزمۇنلارنى ھەمبەھىرلەش چەكلىمىسىگە خىلاپلىق قىلدى» دېگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، تىۋىتتېر شىركىتى ئالدىنقى كۈنلەردە خىتاينىڭ ئامېرىكىدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ تىۋىتتېر ھېساباتىنى تاقىغان بولۇپ، تىۋىتتېر شىركىتىنىڭ باياناتچىسى چارشەنبە كۈنى كەچتە ئامېرىكا تاراتقۇلىرىنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ:

> «بىز سىلەر تىلغا ئالغان مۇناسىۋەتلىك تىۋىتتېر ئۇچۇرىغا قارىتا ھەرىكەت قوللاندۇق. چۈنكى خىتاي ئەلچىخانىسى بىزنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مەزمۇنلارنى چەكلەش پىرىنسىپىمىزغا خىلاپلىق قىلدى. بىز دىنى، جىنسى، يېشى، مىللىتى ۋە ئىرقى سەۋەبلىك مەلۇم توپقا قارىتىلغان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مەزمۇنلارنى چەكلەيمىز» دېگەن.

خىتاينىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى 7 - يانۋار تىۋىتتېردا: «خىتاينىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت مۇھىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئازاد بولدى. ئۇلار ئەمدى بوۋاق ياساش ماشىنىسى ئەمەس» دەپ بىلجىرلىغان. خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ بۇ سۆزى توردا زور غۇلغۇلا قوزغىغانلىقتىن، 80 مىڭ ئەگەشكۈچىسى بار ھېساباتى تىۋىتتېر تەرىپىدىن توختىتىپ قويۇلغان.

گەرچە تىۋىتتېر شىركىتى قاچان توختىتىپ قويغانلىقىنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، ئەمما 9 - يانۋاردىن كېيىن خىتاي ئەلچىخانىسى تىۋىتتېردا يېڭى مەزمۇن يوللاپ باقمىغان، شۇنداقلا تىۋىتتېر شىركىتىنىڭ بۇ قارارى ھەققىدە ھازىرغىچە ئىپادە بىلدۈرمىگەن.



## ئەنگلىيە باش ۋەزىرى:

# خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەنلىكىنى سوت قارار قىلىشى كېرەك



ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بورىس جونسون 20 - يانۋار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسى ھەققىدىكى سوئالغا جاۋاب بەرگەن ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى بېكىتىشتە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قارار چىقىرىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.

19 - يانۋار ترامپ ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىجرا قىلغان قىلمىشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ جاكارلىغان ئىدى. باش ۋەزىر جونسون ئامېرىكىنىڭ بۇ قارارى ھەققىدىكى سوئالغا جاۋاب بېرىپ:

> «ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بەلگىلەش ئەدلىيە مەسىلىسى. ئەمما مەن شەخسى پىكىرىمدە، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ۋە ئۇيغۇرلار باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يىرگىنچلىك، دەپ قارايمەن» دېگەن.

خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، بىر دۆلەتنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» سادىر قىلغانلىقى بېكىتىلسە، بۇ دۆلەت بىلەن سودا ھەمكارلىقى ئورنىتىشنى توسىدىغان قانۇن لايىھەسى -19يانۋار ئەنگلىيە پارلامېنتىدا ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەزالارنىڭ قارشى چىقىشى بىلەن رەت قىلىنغان.

ئامېرىكىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك بۇ قارارى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ياپونىيەمۇ بايانات ئېلان قىلغان بولۇپ، ياپونىيە ئىچكى كابىنېتىنىڭ باش كاتىپى كاتسۇنوبۇ كاتو خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئەندىشە بىلەن كۆزىتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. كاتسۇنوبۇ يەنە خىتايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەتتە ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال قىممەت قاراشلارغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بايان قىلىپ: «بىز شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىمىز. ياپونىيەنىڭ بۇ مەسىلىدىكى مەيدانىنى ئېنىق ھالدا بېيجىڭغا يەتكۈزىمىز» دېگەن.



## ئامېرىكا يېڭى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى:
# سابىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە تەيۋەن مەسىلىسىدىكى سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرىمىز

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۈگۈنكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكىنىڭ يېڭى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بلىنكېن تىرامپ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تەيۋەن مەسىلىسىدە خىتايغا تۇتقان مەيدانىنى قوللايدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، بايدېن ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئامېرىكىدا ھاكىمىيەت ئالمىشىۋاتقان پەيتتە تىرامپ ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى ئەيىبلىگەن. بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بلىنكېن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا قوللانغان قاتتىق پوزىتسىيەنىڭ داۋاملىشىشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ يېقىندىكى ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا، ئۆزىنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ سۆزى ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسى تۆت يىلدا بىرلىككە كەلگەن تاشقى سىياسەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىكەن.

بلىنكېن يەنە سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پومپېيونىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلغانلىقى ھەققىدىكى قارارىغا قوشۇلغانلىقىنى ھەمدە بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەن مۇناسىۋىتى قانۇنىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى، ئامېرىكىدىكى ئىككى پارتىيەنىڭ بۇ جەھەتتە ئورتاق تونۇشى بارلىقىنى ئېيتقان.

مۇخبىرلار بلىنكېندىن: «پومپېيونىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلغانلىقى توغرىسىدىكى قارارىغا قوشۇلامسىز؟» دەپ سورىغاندا، بلىنكېن: « مېنىڭچە ئۇيغۇر مەسىلىسىدە بىزنىڭ پىكرىمىز بىردەك. خىتاينىڭ ئەرلەر، ئاياللار ۋە باللارنى جازا لاگېرىغا سولاش قىلمىشى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارغا كومپارتىيە ئىدېئولوگىيەسىنى مەجبۇرىي تېڭىشقا ئۇرۇنۇشتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا مەن بۇ يەكۈنگە قوشۇلىمەن» دېگەن.

بلىنكېن تەيۋەن مەسىلىسىدە توختىلىپ: «ئامېرىكىدىكى پارتىيەلەرنىڭ تەيۋەنگە بەرگەن كۈچلۈك ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋەدىسى بار. تەيۋەن مۇناسىۋەت قانۇنى بۇ ۋەدىنىڭ بىر قىسمى. تەيۋەننىڭ خىتاينىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرالايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بايدېن ھۆكۈمىتى بۇنى چوقۇم داۋاملاشتۇرىدۇ» دېگەن.



# نېمە ئۈچۈن دەۋاغا ۋاقتىمىز يەتمەيدۇ؟

ئىنساننىڭ بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلەلمىگەنلىكى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ نېمە قىلىشنى بىلمەي ياشىشىغا باھانە بولالمايدۇ. بىر ئىنسان بالاغەت يېشىغا يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا سۆز قىلىشنى، مېڭىشنى بىلمەسلىكتىن بىلىشكە قاراپ مېڭىشتىن باشلاپ، ئاتا-ئانىسىنى، ياشىغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى تونۇغۇچە، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ياشىغان ئائىلىسى، ئەتراپى ۋە دەۋرىنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغانلىرىنىڭ مىقدارىچىلىك بىلەلىگىنىچە بولغان جەرياندا ئۆزى يۇرگۇزگەن تەپەككۇرى، كۆزىتىشى ۋە ئوقۇغان، ئۆگەنگەن كىتابلىرىدىكى بىلىملەر بىلەن تاكامۇللىشىشقا قاراپ ماڭىدۇ. بۇ يېتىلىش ۋە ئىلگىرىلەش باسقۇچىدا ياراتقۇچى ئاللاھ بۇ ئىنسان بالىسىنى بالاغەت يېشىغا يەتكەن بىر بەندىسگە قارىتا قويغان مەسئۇلىيەت بىلەن ھېسابقا تۇتمايدۇ. بىراق ئىنسان بالىسى بالاغەت يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ قويغان قانۇنىيىتى بويىچە ھېسابقا تۇتۇشقا باشلايدۇ.

بۇ يەردىكى «ھەربىر ئىنسان تۇغۇلغاندىن تارتىپ بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان يېتىلىش مۇددىتىدە ھېسابقا تارتىلمايدۇ» دېگەن سۆزدىن بىر كىشى ئۆزىنىڭ ھېسابقا تارتىلىشىنى بىلمەستىن بالاغەت يېشىغا يېتىپ قالسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېسابقا تارتىلمايدۇ، دېگەن ئۇقۇم كېلىپ چىقمايدۇ. مەيلى قانداق تەربىيە ئالسۇن ياكى ئالالمىسۇن، مەيلى يېتىلىشى، تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيىتى بولغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، قايسى دەۋر ۋە قايسى مۇھىتتا ياشاپ ئۆسكەن بولسۇن، ھېچقانداق باھانە ئىنساننى ئاللاھنىڭ ئالدىدا بالاغەت يېشىغا يەتكەن كۈن، سائەت ھەتتا مىنۇتتىن باشلاپ ھېسابقا تارتىشقا دەلىل بولىدىغان كىرامىن كاتىبىنىڭ خاتىرە قالدۇرۇشىدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ.

ئۇنداق بولغان ئىكەن، بىر مۇسۇلمان بولۇپ دۇنياغا كەلگەن، ئەمما تۈرلۈك ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىت سەۋەبىدىن دىنىمىزغا بەك مۇكەممەل ئەمەل قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان، ئەمما بىر مۇسۇلمان ئائىلىدە، مىڭ يىلدىن بېرى ئىسلام تۇپرىقى بولغان شەرقىي تۈركىستاندا ياشاپ كەلگەن بىزلەر مەيلى قانداق باھانە كۆرسەتسەك كۆرسىتەيلى، ئالدى بىلەن بىر بەندىلىك، ئاتا ئانىلار ئۈچۈن پەرزەنتلىك، ۋەتەن ئۈچۈن پۇقرالىق، ئۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقىمىز ئۈچۈن قېرىنداشلىق ھېسابىدىن سورالمايدىغانلىقىمىزغا كۆرسەتكۈدەك دەلىلىمىز يوق.

نۇرغۇن كىشىلەردىن ۋەتەن دەۋاسى، ۋەتەندىكى قېرىنداشلارنىڭ بېشىدىكى زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى خىزمەت ھەققىدە سۆز ئېچىلغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى، يەنى ئاقتۇرمىسا بولمايدىغان تىجارىتى، ئوقۇمىسا بولمايدىغان كەسپى، داۋام قىلمىسا




بولمايدىغان خىزمەتلىرى، تاپمىسا بولمايدىغان پۇلى ۋە باقمىسا بولمايدىغان يېقىنلىرى ياكى بالا-چاقىلىرىنى باھانە قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ۋەتەن دەۋاسىغا قوشۇلۇشنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن «قىلمايمەن» دېيەلمەي، ئۆزلىرى ئورۇنلۇق جاۋاب بولدى، دەپ قارايدىغان چىرايلىق، سىلىق باھانىلىرى بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. بەزىلىرى بۇ باھانىلىرى بىلەن باشقىلارنى قايىل قىلالىدىم، دەپ ئويلايدۇ، ئەمما ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بەزىلەر قارشى تەرەپنى ئىشەندۇردۇم، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە قارشى تەرەپنىڭ ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ ئىشەنمىگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇيۇ، ئەمما مۇرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ ياشاۋېرىدۇ.

بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تېخى تونۇپ يەتمىگەنلىكىدىن ئىبارەت خالاس. بۇنى ھەرگىزمۇ دىن ئوقۇمىغانلىقى ئۈچۈن دېمەيلى. چۈنكى يەتتە يېشىدىن بېرى دىن ئوقۇغانلار بار بۇ باھانىلەر بىلەن «ۋاقتىم يوق» دەپ ياشاۋاتقان. يەن ئوقۇمىغاچقا دېمەيلى، نۇرغۇن دوكتور، ئالىملىرىمىز بار «ۋاقتىم يوق» دەپ ياشاۋاتقان. بەلكى جاھان كۆرمىگەنلەر بولغاچقىدۇ، سىياسەتنى چۈشەنمىگەندۇ... دەپمۇ ئويلىمايلى. «ۋاقتىم يوق» دەپ قۇلاقنى يوپۇرۇۋالغانلار ئىچىدە ئايلانمىغان دۆلەت، شەھەرلىرى قالمىغان، دۇنيا سىياسىتىنى بىر ئۇلتۇرۇشتا پىچىپ تىكىۋېتىدىغان سىياسەتچىلەر بار.

دېمەككى، مەيلى خان، مەيلى قۇل بولسۇن، مەيلى ئالىم، مەيلى نادان بولسۇن، مەيلى شەيخ، مەيلى ھاراقكەش بولسۇن، بۇ كىشىلەرنىڭ «ۋاقتىم يوق» دېگەن باھانىسىنىڭ بىرلا سەۋەبى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنىڭ نېمىلەردىن سورىلىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكى. ئەگەر بىلسە ئىدى، 24 سائەت يېمەي-ئىچمەي كىتاب ئوقۇغان بىر ئوقۇغۇچى، بىر ئالىم، بىر ئوقۇتقۇچى، بىر مۇتەخەسسىس، بىر ئىنژېنېر، بىر تەتقىقاتچى، بىر يازغۇچى ياكى بىر شائىر چوقۇم ۋە چوقۇم شۇ قىممەتلىك ۋاقتىدىن دەۋا ئۈچۈن ھېچبولمىسا كۈندە بىر سائەت كاللا قاتۇرغان، بىر سائەت قولىغا قەلەم ئالغان، دەۋايىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن چوقۇم بىر پىكىر، بىر يول ياكى بىر چارە تاپقان ۋە ئۇنى دەۋادىن ئىبارەت بۇ كۆلگە بىر تامچە قىلىپ تۆككەن بولاتتى. ھەربىر تىجارەتچى ۋە باشقا جان قايغۇسىدا ئالدىراش پۇل تېپىۋاتقانلار بۇ كۆلگە بىر تەڭگە-بىر تەڭگىدىن بولسىمۇ تاشلاپ، دەۋانىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلىنىشىگە ھەسسە قوشقان بولاتتى.



ئەجەبا «ۋاقتىم يوق» دېگەنلەرگە بېرىلىدىغان جاۋاب يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار! بىز دەيمىزكى، بۇ باھانىڭىز ئاقمايدۇ، قېرىندىشىم! چۈنكى سىزگە

ئوخشاش ۋە سىزدىنمۇ ئالدىراش ئوقۇۋاتقان، بىلىم ئېلىپ، بىلىم بېرىۋاتقان ھەر قايسى ساھەلەردىكى زىيالىيلىرىمىز، ئۆلىمالىرىمىز، تەتقىقاتچىلىرىمىز ۋە مۇتەخەسسىسلىرىمىز بار، تىجارەتچى، كاسىپ ۋە دېھقانلىرىمىز بار. ئەجەبا ئۇلارنىڭ ۋاقتى شۇنچىلىك قىممەتلىك بولسىمۇ، دەۋا ئۈچۈن قول-پۇت، كۆز، ئەقىل ئامبىرى بولۇشقا، باشقىچە ئېيتقاندا دەۋا ئۈچۈن ماشىنىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي بىر ۋىنتىسى بولۇشقا ۋاقتى يېتىدىكەنۇ، باشقىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن يەتمەيدۇ؟

دېمەك خۇلاسىلىسەك، ۋاقتىمىز يوق ئەمەس، بەلكى مەسئۇلىيىتىمىزنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكۈدەك سەۋىيەمىز، ئېڭىمىز تېخى يېتىلگىنى يوق، مىڭ ئەپسۇس، گەرچە بەزىلىرىمىز بۇنى تونۇپ يەتكۈدەك ياشتىن ئاللىقاچان نەچچە قاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەن بولساقمۇ.

بۇ يازما ھەرگىزمۇ ھايات-ماماتىنى، ئاتا-ئانىسىنى، پەرزەنتلىرىنى، يارىنى، بارىنى، سۆيگەن كەسپى ۋە ئالغان ئىلمىنى، ئەجرىنى ۋە ھوسۇلىنى بۇ يولدا ئاتىغان مەسئۇلىيەتچانلارغا قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى بېشىنى قۇمغا كۆمگەن تۆگە قۇشقا ئوخشاش تارازىغا توختىمىغان باھانىلەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. ئۇنتۇمايلى، بىزگە بېرىلگەن بىر ئىستاكان سۇنىڭ ھېسابى سورىلىدىغان ھېساب كۈندە بېرىدىغان ھېسابىمىز ھەقىقەتەن بەكلا ئېغىر!

مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر

2021 - يىلى 18 - يانۋار، ئىستانبۇل



# خىتاي ئۇيغۇرلارغا پومپېيونى ئەيىبلەش بۇيرۇقى چۈشۈردى



ئامېرىكا سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پومپېيو 19-يانۋار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ بېكىتكەنلىكىنى ئېلان قىلغان قىلدى. پومپېيونىڭ بۇ ھەققانىي قارارى خەلقئارا جەمئىيەتتە ئالقىشقا ئېرىشىۋاتقان بىر پەيتتە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى ئىدارە-ئورگانلاردا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلارغا قىسقا سىن ئارقىلىق پومپېيونى ئەيىبلەش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكۈزگەن جىنايى قىلمىشىدىن قېچىش ئۈچۈن، ئەخلاقىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىدىنمۇ ھالقىپ ئۆتۈپ، ۋاستە تاللىماي يالغان تەشۋىقاتنى كۈچەيتكەنلىكىنى، ئەمما خىتاينىڭ ئەمدى جىنايىتىنى يوشۇرالمايدىغانلىقىنى، خەلقئارادا ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىسى ئېچىلىدىغان پەيتىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

## بۇيرۇقتا

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پومپېيونىڭ خىتايغا قارشى ئېلان قىلغان باياناتىغا قارشى ھەرقايسى ئىدارە-ئورگانلارنىڭ قىسقا سىن ئارقىلىق قارشى مەيدانىنى بىلدۈرۈشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك تەلەپلەر ئەسكەرتىلگەن: «1. خىتايچە ئىپادىلەش ئىقتىدارى ياخشى بولغان ئۇيغۇر بولۇشى كېرەك. 2. سىندا ئاۋۋال ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئىدارىسىنى تونۇشتۇرۇشى كېرەك. ئىككىنچى قەدەمدە پومپېيو تارقاتقان باياناتقا قارشى «قەتئىي قارشى تۇرىمەن، غەزەپلەندىم» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ ئۆز مەيدانىنى ئىپادىلىشى كېرەك. ئاخىرىدا ۋەتەننى سۆيىدىغانلىقىنى، بەختلىك ياشاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك».



## مۇتەخەسسىسلەر:
# خىتاي سودا كېلىشىمىدە ئامېرىكىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇندىمىدى



ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا سودا كېلىشىمى ئىمزالانغانلىقىنى بىر يىل بولغان بىر پەيتتە، ئامېرىكا ئاۋازى تورى «خىتاي ۋەدىسىنى قانچىلىك ئەمەلگە ئاشۇرالىدى؟» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلدى.

ئامېرىكا ۋە خىتاي بۇلتۇر 15-يانۋار بىرىنچى باسقۇچلۇق سودا كېلىشىمى ئىمزالىغان بولۇپ، بۇ كېلىشىم ئىككى تەرەپنىڭ سودا مۇناسىۋىتىنى قايتا تەڭشەپ چىققان. خىتاي كېلىشىمگە ئاساسەن ئامېرىكىدىن مال ئىمپورت قىلىشنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن.

**مەزكۇر كېلىشىمگە ئاساسلانغاندا**

خىتاي ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە ئامېرىكىدىن 159 مىليارد دوللار قىممىتىدە مال ئىمپورت قىلىشقا ۋەدە بەرگەن. ئەمما پېتېرسون دۆلەتلىك ئىقتىساد تەتقىقات مەركىزىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي بۇلتۇر 11-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكىدىن پەقەت 82 مىليارد دوللارلىق مال ئىمپورت قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 52% بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئېنېرگىيە ئىمپورتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بولۇپ، ئاران 31% ئەمەلىيلەشكەن.

ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ كېلىشىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر كېلىشىم ئىكەنلىكى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغانلىقى ئېنىق ئىكەن. بىر قىسىم ئانالىزچىلار ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ سودا ساھەسىنىڭ خىتايغا بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە كۆپلىگەن شىركەتلەرنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدە خىتايغا بېقىنىپ قېلىش مەسىلىسىگە قايتىدىن قاراپ چىقىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، يېڭىدىن ۋەزىپە ئۆتكۈزۈۋېلىش ئالدىدا تۇرغان بايدېن مەزكۇر سودا كېلىشىمىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە توختالمىغان. ئەمما خىتايغا داۋاملىق قاتتىق پوزىتسىيەدە بولىدىغانلىقىنى، ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، خىتايغا قارشى بىرلىككە كەلگەن سىياسەت تۈزۈپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.



# دىسنېي شىركىتى ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي ئايرىمچىلىق قىلىش بىلەن ئەيىبلەندى

يېقىنقى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە دىسنېي شىركىتىگە ئالاقىدار بىر رەسىم كۆپلەپ تارقالغان بولۇپ، خىتايدىكى دىسنېي شىركىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي ئايرىمچىلىق قىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

خوڭكوڭدىكى ئالما كۈندىلىك گېزىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بىر قىسىم خىتايلار مەلۇم ساياھەت تور بېتىدىن شاڭخەيدىكى دىسنېي باغچىسىنىڭ كىرىش بېلىتى ۋە مېھمانخانا زاكاز قىلغان. ئەمما تور بەتنىڭ ئەسكەرتىشىدە، ۋىرۇس سەۋەبلىك دىسنېي باغچىسى ۋە مېھمانخانىغا خوڭكوڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەندىن كەلگەنلەرنىڭ، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

تورداشلار بۇ ھەقتە ئىپادە بىلدۈرۈپ، گەرچە يۇقۇم سەۋەبلىك سىرتتىن كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلماسلىقنى توغرا چۈشەنگىلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىتىنى ئاتاپ ئەسكەرتىش بېرىشنىڭ ئىرقىي كەمسىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈشكەن.

خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇيغۇرلارغا ياتاق بەرمەسلىك، مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىمەسلىك يېغىلىق بولمىسىمۇ، بۇ ئەسكەرتىشتە بۇرۇنقىدەك ئاتالمىش «شىنجاڭلىقلار» دەپ ئەسكەرتىش بېرىلمەستىن، ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا مىللەت نامىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئەسكەرتىش بېرىشى، يەنە كېلىپ بۇ ۋەقەنىڭ جازا لاگېرلىرى جايلاشقان رايوندا كىنو ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان دىسنېي شىركىتى بىلەن چېتىشلىق بولۇشى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا غۇلغۇلا قوزغىغان.



# ئەنگلىيە ب د ت دىن
# شەرقىي تۈركىستاننى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى



ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۈگۈنكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئەنگلىيە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى دومىنىك راب بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن شەرقىي تۈركىستانغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە مۇناسىۋەتلىك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى دەلىللەشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ يەنە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەنگلىيە شىركەتلىرىنىڭ



شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى تەمىنلەش زەنجىرىگە كىرىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يېڭى قائىدىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

دومىنىك راب 12-يانۋار ئەنگلىيە پارلامېنتىدا سۆزى قىلىپ: «خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولسا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىسسارى ياكى باشقا ئۈچىنچى تەرەپ نوپۇزلۇق تەشكىلاتلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ، ئۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى تەكشۈرۈش ۋە ئېنىقلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر» دېگەن. دومىنىك راب يەنە بۇ تەكلىپنى دۈشەنبە كۈنى ب د ت نىڭ باش كاتىپىغا سۇنغانلىقىنى ئېيتقان.




دومىنىك راب شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ، كىشىنى ئازابلايدىغان نۇرغۇن پاكىتلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قىلمىشىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. دومىنىك راب سۆزىدە يەنە: «ئەنگلىيە شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق مەھسۇلاتنىڭ ئەنگلىيەگە كىرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نۇرغۇن دوكلاتلاردا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىغا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش ئەھۋالىنىڭ بارلىقى كۆرسىتىلدى. بىز تېخىمۇ كۆپ ھەرىكەت قوللىنىشىمىز كېرەك. مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە تېخىمۇ كۈچلۈك يېتەكچىلىك رولىنى ئۆتەيدۇ. شىركەتلەرنىڭ كۈچ سەرپ قىلىپ مالنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلىشىنى، خىتاي ئىجرا قىلىۋاتقان زامانىۋى قۇللۇق تۈزۈمىنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى كۈچەيتىپ، سېتىۋېلىش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغان شىركەتلەرگە جەرىمانە قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بىر يۈرۈش تەدبىرلەر ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ياكى شەخسىي تەشكىلاتلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللەتلەرگە قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدىن قەستەن ياكى مەقسەتسىز ھالدا پايدا ئېلىش ياكى ئالدىنىشتىن ساقلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ» دېگەن.





# خىتاي جاسۇسلىرى ئافغانىستاندا يالغان «ئۇيغۇر تېررورچى» يارىتىشقا ئۇرۇندى

ماسسىمو ئىنتىرووۋىگنى-زىمىستان تورى، 2021 - يىلى 14 - يانۋار

مەۋجۇت بولمىغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ بىر يالغان شۆبىسىنى قۇرماقچى بولغان ئون خىتاي جاسۇسى قولغا ئېلىندى ۋە جىمجىتلا قوغلاندى.

ئۆتكەن ھەپتە بىر مەخسۇس ئايروپىلان كابۇل ئايرودۇرۇمىدىن ئايرىلىپ، خىتايدىكى نامەلۇم بىر مەنزىلگە ئۇچۇپ كەتتى. ئايروپىلاندا ئون خىتاي پۇقراسى بار بولۇپ، ئۇلار 10 - دېكابىر قولغا ئېلىنغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستىخبارات خادىمى دەپ قارالغان لى ياڭياڭنىڭ ئۆيىدە قولغا چۈشكەن بولۇپ، ئۆيدىن قورال، ئوق-دورا ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرمۇ تېپىلغان.

دەسلەپتە، بۇ ئونەيلەن تالىباننىڭ بىر قوراللىق تارمىقى بولغان ھەققانىي تورى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ تېررورلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، دەپ ئەيىبلەنگەن. ئافغانىستان بۇ جاسۇسلارنىڭ قوغلاپ چىقىرىلىشى ئۈچۈن خىتاي باش ئەلچىسى ۋاڭ يۈدىن رەسمىي كەچۈرۈم سوراشنى تەلەپ قىلغان، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلار يەرلىك جىنايى ئىشلار سوتىغا چىقىرىلاتتى.



لېكىن ئافغانىستان خاتا قىلدى. تەكشۈرۈشنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ ھەقىقىي بىر تېررورلۇق تەشكىلاتىنى قوللاش ئەمەس، ئەكسىچە بىر ساختا تەشكىلات قۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى ئاشكارىلاندى. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» (ش ت ئى ھ، ETIM) ئۆتمۈشتە مەۋجۇت بولۇپ، 1989

- يىلى بىر گۇرۇپپا رادىكال ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. ئۇنىڭ قىلغان ياكى قىلمىغان ئىشلىرى باشقا بىر مەسىلە. بۇ گۇرۇپپا ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىكى كىچىك بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇر مۇھاجىرىدىن تەركىب تاپقان. ئۇلار ئافغانىستان توقۇنۇشىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىدا تالىبانلار بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلغان. 2002 - يىلى ئامېرىكا ش ت ئى ھ نى ئەلقائىدە (بازا تەشكىلاتى) بىلەن ئالاقىسى بار تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن. 2003 - يىلى ش ئى ھ ت نىڭ رەھبىرى ھەسەن مەخسۇم پاكىستان ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. گەرچە ئۇ ئاخىرقى كۈنگىچە تالىبانلارنى قوللايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەلقائىدە بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى رەت قىلغان.

كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا ش ئى ھ ت گە ئالاقىدار ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى ئۇچۇرلار ئازلاپ كەتتى. 2008 - يىلى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» (ت ئى پ، TIM) دەپ ئاتالغان بىر گۇرۇپپا ئۆزلىرىنى تالىباننىڭ كىچىك بىر ئىتتىپاقدىشى سۈپىتىدە ئىپادىلەشكە باشلىدى. ئۇلار ئەلقائىدە بىلەن باغلىنىشى بار، 2008 - يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە تەھدىت سالدى، دەپ قارالدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى راست بولۇشى مۇمكىن، لېكىن يەنە بىر قىسىم تەھدىتلەر خىتاي ئىستىخباراتى تەرىپىدىن ياساپ چىقىلغان. 2012 - يىلى 2 - ئايدا، ئۇنىڭ رەھبىرى ئابدۇلھەق ئەلتۈركىستانى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى(CIA) تەرىپىدىن ئادەمسىز ئايروپىلان بىلەن پاكىستاندا پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈلدى. خىتاي ش ت ئى ھ بىلەن ت ئى پ نى بىر ۋە ئوخشاش دەپ ئاتايدۇ، باشقىلار بولسا بۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارايدۇ.



### تېررورىزم مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كۆپىنچىسى

ش ت ئى ھ ۋە ت ئى پ نىڭ شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان-ت)دىكى تېررورلۇق ھۇجۇملىرىغا مەسئۇل ئىكەنلىكىگە دائىر ھېچقانداق ئىسپات يوق دەپ قارايدۇ. گەرچە خىتاي دائىرىلىرى 200 دىن ئارتۇق ھۇجۇمنى ئۇلارغا ئارتىپ قويغان بولسىمۇ، شىنجاڭدا بىر قىسىم تېررورلۇق ھۇجۇملىرى يۈز بەردى. ئەمما ش ت ئى ھ ياكى ت ئى پ بۇلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالمىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى راست، بەزىلىرى بولسا خىتاي تەشۋىقاتى تەرىپىدىن ئويدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. 2020 - يىلى ئامېرىكا ش ت ئى ھ نى تېررورلۇق تەشكىلاتى تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىدى ۋە ئۇنىڭ ھېلىھەم مەۋجۇتلىقىغا دائىر ھېچقانداق پاكىت يوقلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشى ۋە بىر قانچە دۆلەت يەنىلا ش ت ئى ھ نى تېررورلۇق تەشكىلاتى تىزىملىكىدىن چىقارمىدى.

ھالبۇكى، ش ت ئى ھ مەۋجۇت بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ نامى سۈيىئىستېمال ئۈچۈن تەييار ئىدى. ئافغانىستاندىكى خىتاي جاسۇسلىرى ساختا بىر ش ت ئى ھ ياساپ چىقىپ، بىر قىسىم ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنى جەلپ قىلىپ، تېررورلۇق ھۇجۇمى قوزغاپ، بۇنى ئۇيغۇرلارغا ئارتىپ قويۇپ، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭدىكى زۇلۇملىرىنى ئاقلىماقچى بولغان، دەپ قارىيالايمىز.

بۇ سۇيىقەست ئافغانىستان ئىستىخباراتىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن بولۇپ، خىتاي بىلەن مەسىلە تۇغدۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ جاسۇسلار جىمجىت ھالدا دۆلىتىگە قايتۇرۇلغان. لېكىن بېيجىڭ ئەمدى بۇ خىل ئويۇنلارنى قايتا ئوينىمايدۇ، دېيىشكە ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق.

دىلشات سۇلتان تەرجىمىسى




خۇاۋېي شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە چېتىشلىق بولۇپ، خىتاي رېجىمىنى ئۇيغۇرلارنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان چىراي تونۇش تېخنىكىسى بىلەن تەمىنلىگەن.

# مەنبەلەر

http://istiqlalhaber.com/page/news/3137
http://istiqlalhaber.com/page/news/3163
http://istiqlalhaber.com/page/news/3211
https://turkistantimes.com/ug/news-14202.html
https://turkistantimes.com/ug/news-14083.html
https://turkistantimes.com/ug/news-14172.html
http://istiqlalhaber.com/page/news/2569
www.turkistanmedia.com

# ئىستىقلال ئاۋازى

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق |
| تەھرىر | يۈسۈپجان قۇرۇم |
| لايىھەلىگۈچى | ئۆركەش |
| بەتچىك | ئىرشات سەرھان |
| ھەجۋىي رەسىم | رەدۋا ئادىل |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيتى |
| نەشر تۈرى | ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى |
| ئادرېس | Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL |



info@turkistanmedia.com
www.istiqlalhaber.com
www.turkistanmedia.com
+90 212 540 31 15
+90 553 895 19 33
+90 541 797 77 00